# ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. كەڭ كوماندىر ـ جەڭچىلەر بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقىنى ھەر ۋاقىت ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، خىسلەتنى ساقلاپ، سەممىي غەمخورلۇقنى ئەسكەرلەرنى چېنىقتۇرۇپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن بۇرچ، ۋەزىپىنى ياخشى تاماملاپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا سوۋغا تەقدىم قىلىمىز.

**■ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»**

«رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن سىن ئارقىلىق كۆرۈشەلىگەنلىكىمىز بىزنىڭ ئالىي شەرىپىمىز» دېدى ھاۋا ئارمىيەسى مەلۇم رادار پونكىتىنىڭ جىداۋيۈەنى لى جۈن.

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، رەئىس شى جىنپىڭ سىن ئارقىلىق قىسىمنى تەكشۈرۈپ، رادار پونكىتىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى، ئۇلارنى ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، خىسلەتنى ساقلاپ، قاتتىق سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان ساپانى تاۋلاپ، سادىقلىق بىلەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. شۇ كۈنى كەچتە، رادار پونكىتى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سەممىي رىغبەتلەندۈرۈشىنى چۆرىدەپ، پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى ئېچىپ قىزغىن مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردى. ئەسلىي مەقسەتنى ئەسلەپ كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، كوماندىر ـ جەڭچىلەر بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ئېگىز تاغدا يىلتىز تارتىپ ئۇلۇغ تۆھپە يارىتىپ، تىرىشىپ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان لېيەندۈي قۇرۇپ، ۋەتەننىڭ كۆك ئاسمىنىنى ياخشى قوغدايمىز.

ئوممىي مۇھىم ئامىللىق جىددىي ھەرىكەتچان ئۇرۇش مانېۋىرىغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان ئوتتۇرا قىسىم ئۇرۇش رايونى ھاۋا ئارمىيەسى يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەلۇم لۈسىنىڭ «قەھرىمانلار يىڭى»دىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر بازىدا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگەندى. يىڭنىڭ جىياۋداۋيۈەنى ما شياۋدۇڭ مۇنداق دېدى: قەھرىمانلارنىڭ ئىز باسارى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، چوقۇم ئاڭلىق ھالدا قىزىل گېنغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، داھىينىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، بىر ھۇجۇم بىلەنلا دۈشمەننى بويسۇندۇرىدىغان ھەقىقىي ماھارەت، قالتىس ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

ھاۋا ئارمىيەسى خاربىن ئۇچقۇچىلار شۆيۈەنى ئۇچقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى شەرقىي شىمال كونا ئاۋىياتسىيە مەكتىپىنىڭ كونا ئورنىغا بېرىپ «يىلتىز ئىزدەش سەپىرى» تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارغا خەلق ھاۋا ئارمىيەسى ئۇچقان جايدا پېشقەدەم بىر ئەۋلاد ھاۋا ئارمىيەسى كىشىلىرىنىڭ ئەسلىي مەقستى ـ بۇرچىنى ھېس قىلدۇردى. «رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى بىزنى ھەسسىلەپ ئىلھاملاندۇردى، ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ئۇچقۇچى ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز چوقۇم رەئىسنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇچۇشتىن ئىبارەت ئەسلىي مەقستىمىزنى ئۇنتۇماي، 10 مىڭ چاقىرىم ئېگىز ئۇچساقمۇ لىنىيەدىن ئازمايمىز» دېدى ئۇچقۇچى ئوقۇغۇچى يې يۈۋاڭ.

**■ «بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ئاتلىنالايدىغان، غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش»**

تۆمۈر قاناتلىقلار پەرۋاز قىلدى، ئۇرۇش ئىس ـ تۈتەكلىرى قاپلىدى، ئېگىزلىكتىكى مەلۇم ناتونۇش جايدا، بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان دەرەخ ئۇچىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بوشلۇق رايونىغا قاراپ ئۇچۇپ، جەڭ مەيدانىدا قۇتقۇزۇش مەشقىنى قانات يايدۇردى ــ بۇ، ھاۋا ئارمىيەسى مەلۇم ترانسپورت قۇتقۇزۇش تۈەنىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىنى قاتتىق سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئايلاندۇرۇشتىكى ئەمەلىي تەدبىرى.

ئارمىيە بويىچە ئەڭ بۇرۇن، نۆۋەتتە ئايروپىلاندا ئۇرۇق چېچىپ ئورمان بىنا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان بىردىنبىر قىسىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ تۈەن 30 نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، يېشىللىقنى غەربىي قىسىمدىكى چۆل ـ باياۋانغا چاچتى. تۈەنجاڭ رېن يۈگجۈن مۇنداق دېدى: «رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سەممىي مۇھىم تاپشۇرۇقى بىزنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزدىكى تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. بىز ھەم ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىدا ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىمىزگە ئالىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى دىققەتنى كەلگۈسى ئۇرۇش مەيدانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ‹پۈتۈن رايون ھەرىكەتچان، دەل جايىدا، يۇقىرى ئۈنۈملۈك› قۇتقۇزۇش ئىقتىدارى»نى مەشىق قىلىپ يېتىلدۈرىمىز.

مەلۇم يېڭى تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىناق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان راكېتا ئارمىيەسى مەلۇم باشقۇرۇلىدىغان بومبا لۈسى تېخنىكا 1 ـ يىڭىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر «يەر ئاستى شاھانە قەسىر»دە رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى. راكېتا ئارمىيەسىدىكى «100 ياخشى بەنجاڭ ئۈلگىسى»، 1 ـ دەرىجىلىك جۇڭشجاڭ ياڭ جۈن مۇنداق دېدى: «داھىينىڭ سەممىي تاپشۇرۇقى ھەم ئىلھاملاندۇرۇش، تېخىمۇ مۇھىمى ھەيدەكچىلىك قىلىش، بىز مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قاتتىق سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان ئىقتىدارنى پۇختا تاۋلاپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئېغىر ۋەزىپىسىنى زىممىمىزگە ئېلىپ، قىسمنىڭ ھەر ۋاقىت ئۇرۇش قىلالايدىغان بولۇش، ۋاقتىدا قويۇپ بېرەلەيدىغان بولۇش، ئۈنۈملۈك ۋەيران قىلالايدىغان بولۇش يادرولۇق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىمىز».

دۈڭخەي مەلۇم دېڭىز رايونىدا ئۇرۇش تەييارلىقى چارلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان شەرقىي قىسىم ئۇرۇش رايونى دېڭىز ئارمىيەسى مەلۇم قوغلىغۇچى پاراخوت تارماق ئەترىتىنىڭ جىڭجوۋ نامىلىق پاراخوتى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى دېڭىزدا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئاڭلاش، كۆرۈشكە تەشكىللىدى. جۇڭگونىڭ تۇنجى ئايال پىراكتىكانت پاراخوت باشلىقى ۋېي خۇيشياۋ مۇنداق دېدى: «رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى كىشىنى ناھايىتى ئىپتىخارلاندۇردى، چەكسىز ھاياجانلاندۇردى، بىر خىل كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى قەلبىمىزدە ئۇرغۇدى. دۈڭخەي بىرىنچى سېپىنى ساقلاۋاتقان كوزىر قىسىم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، مۇرەككەپ مۇھىتتا مەشىق قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىنتايىن ناچار شارائىتتا مەشىق قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، ھەربىي مەشىق ئەمەلىي جەڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز».

**■ «زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش»**

«ئاساسىي قاتلامدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە كۆڭۈل بۆلگەنلىك ــ قىسمنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك؛ ئاساسىي قاتلامدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى كۆڭۈلگە پۈككەنلىك ــ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈشنى كۆڭۈلگە پۈككەنلىك.» 71 ـ جىتۇەنجۈن «ۋاڭ جيې بەنى» تۇرۇشلۇق لۈنىڭ جېڭۋېيسى جاڭ جېندۇڭ مۇنداق دېدى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ئاساسىي قاتلامغا بولغان ھېسسىيات، كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە بولغان ھېسسىياتنى تولۇق نامايان قىلدى، بىرىنچى سەپتىكى ئەسكەر يېتەكچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يوليورۇقى، تەلىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، دائىملىق ئىدىيەۋى خىزمەت ۋە دائىملىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قاتتىق باشقۇرۇش بىلەن كۆيۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى چىن ھېسسىيات بىلەن يېتەكلەپ، ئەسكەرلەرنى مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن يېتەكلەپ، قىسمنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرىمەن.

ھەرىكەتچان مەيدان يۆتكىلىش يولىدىكى پاراشۇتچى ئەسكەرلەر مەلۇم لۈسىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى بىرىنچى ۋاقىتتا ۋاگوندىكى رادىيو، تېلېۋىزور، يان تېلېفون تېرمىنالى ۋە ئۈندىدار ئاممىۋى سۇپىسى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى ھەم «ھەرىكەتچان، تارقاق شارائىتتا قىسمنىڭ تەلىم ـ تەربىيەسىنى باشقۇرۇشنى قانداق كۈچەيتىش»نى چۆرىدەپ مۇزاكىرە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى تەشكىللىدى. مەلۇم يىڭنىڭ جىياۋداۋيۈەنى جوۋ ۋېنجې مۇنداق بىلدۈردى: بۇ يىلدىن بۇيان، قىسىم نۇقتىسى كۆپ، دائىرىسى كەڭ، يۈكسەك دەرىجىدە تارقاق بولدى، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئوڭۇشلۇق تاماملاش ئارمىيەنى قانۇن بويىچە قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، قىسمنى كۈندىلىك باشقۇرۇشنى قاتتىق تۇتۇشتىن ئايرىلالمايدۇ، بىز بۇنى پۇرسەت بىلىپ، ھەرىكەتچان، تارقاق شارائىتتا قىسىم باشقۇرۇش يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈپ، ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

«يېڭى دەۋردىكى ئەڭ گۈزەل ئىنقىلابىي ھەربىي» گۇۋاھنامىسىنى يېقىندىلا ئالغان قوراللىق ساقچى قىسىم خېيلوڭجياڭ ئۆلكىلىك باش ئەترىتى مەلۇم تارماق ئەترىتى ئالاھىدە ئۇرۇش قىلىش چوڭ ئەترىتىنىڭ داۋيجاڭى لى يۈفېڭ قىسمغا يېتەكچىلىك قىلىپ تېز ئىنكاس قايتۇرۇپ قارىغا ئېتىش مەشقى قىلىۋاتاتتى. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇ مۇنداق دېدى: «چېگرا رايون باش ئەترىتى ئالاھىدە ئۇرۇش قىلىش كۈچىنىڭ كوزىر قىسمى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ۋەتەننىڭ ئەڭ شەرقىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، ‹قاتتىق› بولۇشنى قىسمنى باشقۇرۇش، مەشىقتىكى بىرىنچى يادرولۇق تەلىپى قىلىپ، مەشىقنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشقا كۈچ قوشىمىز».

**(زىيارەت قىلىپ يېزىشقا قاتناشقانلار: ياڭ جىن، لىيۇ خەيياڭ، گەن خۇەن، جاڭ يۈەنجى، دۇەن كەيشاڭ، فاڭ سىخاڭ، ما لۇڭفېي، ۋاڭ جىنلياڭ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ چىقلىغان مەسىلىلەرگە قارىتا خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى قانات يايدۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك تەدبىرى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى رەھبەرلىك بەنزىسى نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى رەتلەپ چىقتى: باغ ـ ئورمانچىلىق بازىسىنىڭ ئۆلچەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى يۇقىرى ئەمەس، پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتى ئىقتىدارى يېتەرلىك ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش شەكلى قالاق، بازار ئېچىش سالمىقى يېتەرلىك ئەمەس قاتارلىقلار، بۇمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى، ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى چەكلەۋاتقان ئەمەلىي مەسىلە.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمەت ئۆمىكى قۇرۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى، تارىم داشۆسى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، مۇتەخەسسىسلەرنى تاللاپ ئەۋەتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «يېزىلاردىكى ئەمەلىي ئىختىساسلىقلار، باشلامچىلارنى تەربىيەلەش پىلانى» ۋە «‹بىر ئائىلىدە بىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇش› تەربىيەلەش قۇرۇلۇشى»نى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئالتە چوڭ مېۋىلىك دەرەخ تۈرىگە قارىتا، كادىرلار بىر قاراپلا چۈشىنەلەيدىغان، ئامما شۇ بويىچە قىلالايدىغان تېخنىكا چۈشىنىش قوللانمىسىنى تۈزۈپ بېسىپ، دېھقانلارغا كىرىمنى ئاشۇرىدىغان «يانچۇق كىتاب» سۈپىتىدە تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا پايدىلىنىپ ئۆگىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ، تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ تېرىقچىلىق سەۋىيەسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى، يېزا نازارىتى تور بېكىتىنى ئاچسىڭىز، تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى، يېزا نازارىتى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلاردىن قەلبىدە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، دېھقان ئاممىسىنى ھەر ۋاقىت ئويلاشنى تەلەپ قىلدى. پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلغاندا، تۇغقانلىرىغا «ھەممىباب كارتا»دا تارقىتىپ بېرىلگەن تېرىلغۇ يەرنىڭ مۇنبەتلىكىنى قوغداش تولۇقلىمىسى، ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغداش تولۇقلىما مۇكاپاتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش تولۇقلىمىسى قاتارلىق تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، ئاممىغا پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى ھەقىقىي چۈشەندۈردى.

**■ مۇھىت ئاسراش «پۈرژىنا»سىنى چىڭىتىش**

7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت مەمۇرىي تەپتىش باش ئەترىتى بەزى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى كارخانىلارنى ئىختىيارىي ئارىلاپ تەكشۈردى. نەق مەيداننى تەكشۈرۈش جەريانىدا، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن كارخانىلاردا مۇھىت باھالاش رەسمىيىتىنى بېجىرىشنى كېچىكتۈرۈش، مۇھىت ئاسراشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋاقتىدا بولماسلىق، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جايىدا بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى بايقىدى.

«تەكشۈرۈشتە بايقالغان بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا، بىز دەرھال ئالاقىدار ناھىيىلىك، شەھەرلىك مۇھىت مەمۇرىي تەپتىش شۆبە ئىدارىلىرىدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق.» ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت مەمۇرىي تەپتىش باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقى لياڭ جۇ مۇنداق دېدى: «كېيىنكى قەدەمدە، بىز كارخانىلارنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش قېتىم سانىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بۇلغىما ئۆلچەمگە يەتمىسە قويۇپ بەرمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى رەھبەرلىك بەنزىسى باش تېما تەربىيەسىدە، دىققەتنى ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىت ئاسراش مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، قايتا ئويلىنىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش جەھەتتە قانۇن ئىجرا قىلىش قېلىپلاشماسلىق، قاتتىق بولماسلىق مەسىلىلىرىنىڭ ساقلانغانلىقىنى بايقىدى.

بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى تۈرمۇتۈر تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەسئۇل كىشى، مەسئۇل تارماق ۋە تاماملاش مۇددىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش قوشۇنىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىن قول سېلىپ، قوشۇننىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى قاتتىق تۇتۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مۇھىت قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى قانۇن ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسى بويىچە تەربىيەلىدى؛ مۇھىت مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى، قانۇن ئىجراسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى خاتىرىلەش تۈزۈمى، مۇھىم، زور قانۇن ئىجراسى قارارىنى قانۇن ـ تۈزۈم جەھەتتىن تەكشۈرۈش ـ بېكىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇھىت مەمۇرىي جازاسىنى ئەركىن ئۆلچەش ھوقۇقىنىڭ ئۆلچىمى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىش ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى ئۆز بېشىمچىلىقنى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش خەۋپ ـ خەتىرىنى ئازايتىپ، مۇھىت قانۇن ئىجراسى ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇردى.

**■ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم بەرپا قىلىش**

ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى مەخسۇس تۈزەش داۋامىدا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ ئەمەلىي ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئېچىپ، يەر ئېلىش تولۇقلىمىسى، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش جەھەتتە تىزىملىكنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يەر ئېلىش تولۇقلىمىسى تەرتىپىنى ئادا قىلىش جايىدا بولماسلىق، تەستىقلاتماي تۇرۇپ تېرىلغۇ يەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىش، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاپ بېجىرىش ۋاقتى بەك ئۇزاق بولۇش، ئاممىا قايتا ـ قايتا قاتراش قاتارلىق 18 مەسىلىنى چۆرىدەپ، يەر ئېلىش تولۇقلىمىسى تەرتىپىنى قاتتىق ئادا قىلىش، يەر ئېلىش تولۇقلىمىسى تارقىتىشنى مۇددەت ئىچىدە تاماملاش، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاپ بېجىرىش ۋاقتىنى قىسقارتىش، تىزىملاپ ھەق ئېلىش نامى ھەم ئۆلچىمىنى ئاشكارىلاش، پاكلىق خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈش قاتارلىق 63 تۈرلۈك كونكرېت تۈزەش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىلىرى دېلو ئارقىلىق ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تۈزۈم، تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم بەرپا قىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى «كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش ئارخىپىنى ئارىيەت ئېلىپ كۆرۈشنى باشقۇرۇش تۈزۈمى» «كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش ماتېرىياللىرىنى كۆزنەكتە سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى» قاتارلىق خىزمەت تۈزۈملىرىنى تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈردى؛ تۇرپان شەھەرلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى ئىدىقۇت رايونلۇق كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مەركىزى مۇلازىمەت كۆزنىكىدىن سەككىزنى كۆپەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياشانغان، ئاجىز، كېسەل، مېيىپ، ھامىلدار قاتارلىق ئالاھىدە ئاممىغا «يېشىل يول» ئېچىپ بېرىپ، ھەرىكىتى قولايسىز ياكى ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەق مەيدانغا بېرىپ كەسىپ بېجىرەلمەيدىغان ئاممىغا ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلدى.

ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە 80% ناھىيە، شەھەر، رايوننىڭ كۆچمەس مۈلۈكنى ئادەتتىكى تىزىملاش، رەنگە قويۇشنى تىزىملاش كەسپىنى بېجىرىش ۋاقتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئون خىزمەت كۈنى، بەش خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىلىپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى، ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى ۋە ئېرىشىش تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىش سەۋىيەسى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىگىلىنىشچە، شىنجاڭدا زور مىقداردىكى مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار بولۇپ، ئادەتتە كۆرگەزمە قىلىنىدىغىنى ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئىكەن، كۆپ قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۇزاق مۇددەت ئىسكىلاتتا ساقلىنىدىكەن. بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قانداق ياخشى رېمونت قىلىش، قوغداش ئىزچىل كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان مەسىلە بولۇپ كەلگەن ئىكەن.

2010 ـ يىلى مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى تۈرلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، كۆپ قېتىم دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىقى بىلەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بىرلەشمە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئېلىپ بېرىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى دۆلەت شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىرىك پىلانى ئومۇمىي دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىش مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى قىلىندى.

«2011 ـ يىلى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان تام رەسىملىرىنى قوغداش، رېمونت قىلىش كەسپى بويىچە تۇنجى تەربىيەلەش كۇرسى ئاچتى، ئورنى شىنجاڭ مۇزېيىدا بولۇپ، ئەينى چاغدا دۆلەت ئىچىدىكى مول كەسپىي بىلىم ۋە ئەمەلىيەت تەجرىبىسىگە ئىگە مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كۇرسانتلارغا نەزەرىيە دەرسى ئۆتتى ۋە نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن، بۇ كۇرسانتلار تام رەسىملىرىنى رېمونت قىلىش ئاساسىي نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋالدى ھەم ئەمەلىي مەشغۇلات ماھارىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگەللىدى» دېدى شىنجاڭ مۇزېيى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق قوغداش مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋەن جيې.

شۇنىڭدىن كېيىن، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى نۇقتىلىق پەن تەتقىقات بازىسىنىڭ شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى قەغەز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش بازىسىنىڭ شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى، دۆلەت قەدىمكى تام رەسىملىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى تېخنىكا تەتقىقات مەركىزىنىڭ شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى قاتارلىقلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن ۋىۋىسكا ئېسىلدى، شىنجاڭ مۇزېيى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى ھەم پۈتۈن مەملىكەتتىكى داڭلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى زورايتىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىش، قوغداش خىزمىتىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەپ، بىرونزا قوراللار، توقۇلما بۇيۇملار، تام رەسىملىرى، قەغەز ھۆججەت قاتارلىق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان زور بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلدى.

دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو مەدەنىيەت مىراسلىرى تەتقىقات يۇرتى، غەربىي شىمال داشۆسى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ، شىنجاڭدىكى تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىش خىزمەتچى خادىملىرىغا تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىش بىلىملىرى، رېمونت قىلىش تېخنىكىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك سىستېمىلىق ئۆگەتتى.

«ئىلگىرى، شىنجاڭ مۇزېيى بىر يىلدا پەقەت بىرلا مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى رېمونت قىلالايتتى. ھازىر بىر يىلدا نەچچە ئون مەدەنىيەت يادىكارلىقى، جۈملىدىن بىرونزا قوراللار، توقۇلما بۇيۇملار، لاي ھەيكەل تام رەسىملىرى قاتارلىقلارنى رېمونت قىلالايدۇ، بۇ ئىلگىرى ئويلاپمۇ يەتكىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى» دېدى ۋەن جيې ھاياجانلانغان ھالدا.